# كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى)

**شى جىنپىڭ**

بۈگۈن بىزنىڭ كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىشىمىز بىرىنچىدىن، كۆپچىلىك بىلەن سىردىشىش، ئىككىنچىدىن، كۆپچىلىككە ئىلھام بېرىش، ئۈچىنچىدىن، كۆپچىلىكنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىياتىغا بولغان پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن.

بۈگۈن سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقانلاردىن دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى، پۇقراۋى كارخانىچىلار، چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلار ۋە شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن ـ تەيۋەن مەبلىغىدىكى كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش خادىملىرى، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋەكىللىرى بار. كۆپچىلىك ئوخشاش بولمىغان كەسىپلەردىن، ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىن بولۇپ، ھەممىڭلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىگىلىك باشقۇرۇش كەچۈرمىشىڭلار بار، كارخانا تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئۆزۈڭلارنىڭ كۆزىتىشىڭلار ۋە ئوي ـ پىكىرىڭلار بار.

بايا يەتتە ۋەكىل ناھايىتى ياخشى سۆز قىلدى. كۆپچىلىك ۋەزىيەت ھەققىدە توختالغاندا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىدى، تەكلىپلەرنىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولدى، ناھايىتى پايدىلىنىش قىممىتى بار، مەن ئاڭلاپ ناھايىتى زور ئىلھام ئالدىم. ئالاقىدار تارماقلار كارخانىچىلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئالاقىدار سىياسەت تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا تۈزۈشى كېرەك.

تۆۋەندە كۆپچىلىكنىڭ سۆزىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەن بىرقانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## بىرىنچى، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتى كۈچىنى قوغداش ۋە ئۈرگۈتۈش كېرەك

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تەدرىجىي ئورناتتى ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى، بازار سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرى جۇش ئۇرۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، دۆلىتىمىزدىكى بازار سۇبيېكتى 123 مىليونغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا 38 مىليون 580 مىڭغا، يەككە سودا ـ سانائەتچى 82 مىليون 610 مىڭغا يەتتى. بۇ بازار سۇبيېكتلىرى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرى، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنىڭ ئاساسلىق تەمىنلىگۈچىلىرى، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق تۈرتكۈچىلىرى بولۇپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرماقتا. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلق ئۇرۇشىغا پائال قاتنىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جاسارەت بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش بىلەن بىللە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچلۈك ماددىي تىرەك بىلەن تەمىنلىدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن كەڭ دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، پۇقراۋى كارخانىلار، چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلار، شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن ـ تەيۋەن مەبلىغىدىكى كارخانىلار، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە دۆلىتىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىدا مۇقىم ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ھەممىسىدە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭدى. دۆلىتىمىز ئىقتىسادى 1 ـ پەسىلدە زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى، 2 ـ پەسىلدە مۇقىم بولۇپ قايتا ئاشتى، مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئايلىنىپ، 3.2% ئاشتى، ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1.6% تۆۋەنلىدى، ئەھۋال مۆلچەردىكىدىن ياخشى بولدى. بىز ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى تولۇقلاپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۆلىتىمىز ئىقتىسادى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىغا غايەت زور زەربە پەيدا قىلدى، دۆلىتىمىزدىكى نۇرغۇن بازار سۇبيېكتلىرى مىسلىسىز بېسىمغا دۇچ كەلدى. بازار سۇبيېكتى ئىقتىسادنىڭ كۈچ ۋاستىسى، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلغانلىق جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە كاپالەتلىك قىلغانلىق. ئاساسىي كۈچ ساقلاپ قېلىنسا، كېيىنكى ئىشلاردىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن بازار سۇبيېكتىنى ياخشى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئاساسىي كۈچ توپلاش كېرەك.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار بازار سۇبيېكتىنى قوغدايدىغان، قوللايدىغان بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلەرنى چىقاردى. كېيىنكى قەدەمدە، سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئۈرگۈتۈپ، كەڭ بازار سۇبيېكتلىرىنى نورمال مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان، شۇنداقلا تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تېخىمۇ ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك مالىيە سىياسىتى، تېخىمۇ پۇختا ـ جانلىق پۇل سىياسىتىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ماكرولۇق سىياسەتنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ۋاقىتچانلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. داۋاملىق باج كېمەيتىپ، ھەققى تۆۋەنلىتىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، ئۆسۈمنى تۆۋەنلىتىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى بىۋاسىتە ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش، بازار سۇبيېكتىغا بىۋاسىتە نەپ يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بازار سۇبيېكتلىرىغا بولغان پۇل مۇئامىلە مەدەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كارخانىلار، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك پەسەيتىش كېرەك. بازارلىق ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى بازىرىنى ئېچىشىغا مەدەت بېرىش كېرەك. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، بولۇپمۇ مەركەز كارخانىلىرى باشلامچىلىق، تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئورتاق ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ياخشى قوغدىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى ياخشى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى، پۇقراۋى، چەت ئەل مەبلىغىدىكى قاتارلىق تۈرلۈك مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە باراۋەر قوغداپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرى ئادىل رىقابەتلىشىدىغان قانۇنچىل مۇھىتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كارخانىچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداپ، مۈلۈك ھوقۇقى ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغداشنى كۈچەيتىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىم تەرەققىيات كۆزلەشنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىپ، مەغلۇبىيەتكە كەڭ قورساق بولۇپ، كارخانىچىلارنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىش كېرەك. مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىشنى ئالغا سىلجىتىپ، بازار ئىجازەتتە پاسسىپ تىزىملىك تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ بازار ھەمكارلىقى ۋە رىقابەتكە تېخىمۇ ياخشى قاتنىشىشىنى قوللاش كېرەك. چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىش قانۇنىنى ياخشى يولغا قويۇپ، بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇپ بېرىپ، سودا ۋە سېلىنمىنى قولايلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. جۇڭگودا تىزىمغا ئالدۇرغان كارخانىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، ئادىل رىقابەتلىشىش مۇھىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار كارخانىچىلار بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا ئالاقە قىلىشى، كارخانىچىلارنىڭ ئويلىغانلىرىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى ئىگىلىشى، كارخانىلارغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈشتە كارخانىچىلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھوقۇق ـ پۇل سودىسى، سودا پارىخورلۇقى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتى ۋە تىجارەت ـ سودا مۇھىتىغا زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەت بازار قائىدىسىنى تۈزگۈچى، شۇنداقلا بازار ئادىللىقىنى قوغدىغۇچى، تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. كارخانىچىلارنىڭ باشقىچە خىيالدا بولماي، يىراقنى كۆزلەپ، قەتئىي ئىرادە تىكلەپ مۇقىم ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭگو بازىرىدا يىلتىز تارتىپ، جۇڭگو بازىرىنى چوڭقۇر ئېچىشىغا مەدەت بېرىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. دۆلىتىمىزدە 82 مىليوندىن ئارتۇق يەككە سودا ـ سانائەتچى بار بولۇپ، 200 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، ئۇلار سانى ئەڭ كۆپ بازار سۇبيېكتلىرى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ئەڭ بىۋاسىتە مۇلازىمەت قىلغۇچىلار، ئۇلار ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ئەمەلىي قىيىنچىلىقمۇ ئەڭ كۆپ. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئىجارە ھەققى، باج، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا پائال ياردەم بېرىپ، تېخىمۇ بىۋاسىتە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك سىياسەت جەھەتتىن ياردەم بېرىش ـ يۆلەش بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

## ئىككىنچى، كارخانىچىلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، زور بىر تۈركۈم جاسارەتلىك، دادىل يېڭىلىق يارىتىدىغان كارخانىچىلار ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، مىللەت ئالاھىدىلىكىگە، دۇنياۋى سەۋىيەگە ئىگە جۇڭگو كارخانىچىلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى. كارخانىچىلار كارخانىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ھازىرقى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تېخىمۇ شانلىق كەلگۈسىگە يۈزلىنىشتە، ۋەتەننى سۆيۈش، يېڭىلىق يارىتىش، سەممىي بولۇش، جەمئىيەت مەسئۇلىيىتى ۋە خەلقئارا نەزەر قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردە يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بەرپا قىلىدىغان، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرىدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلىنىشى كېرەك. بۇ يەردە بىرنەچچە ئۈمىدىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

بىرىنچىدىن، كۆپچىلىكنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى كۈچەيتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كارخانا سودا ـ تىجارىتىنىڭ دۆلەت چېگراسى يوق، كارخانىچىلارنىڭ ۋەتىنى بار. مۇنەۋۋەر كارخانىچىلار جەزمەن دۆلەتكە، مىللەتكە نىسبەتەن يۈكسەك بۇرچ تۇيغۇسى ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى، كارخانا تەرەققىياتىنى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتنىڭ روناق تېپىشى، خەلقنىڭ بەختى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، دۆلەتنىڭ غېمىنى يېيىشى كېرەك، دەل «دۆلەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغۇچىلار قەدىرلىنىدۇ، دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزگۈچىلەر لەنەتكە قالىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش. ۋەتەننى سۆيۈش يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى دۆلىتىمىزدىكى مۇنەۋۋەر كارخانىچىلارنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدىكى جاڭ جيەندىن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى لۇ زوفۇ، چېن جياگېڭچە، يەنە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى رۇڭ يىرېن، ۋاڭ گۇاڭيىڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەنپەرۋەر كارخانىچىلارنىڭ تىپىك ئۈلگىسى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، دۆلىتىمىزدىمۇ زور بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر كارخانىچىلار بارلىققا كەلدى. كارخانىچىلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشىنىڭ كۆپ خىل ئىشقا ئاشۇرۇش شەكلى بار، ئەمما ئالدى بىلەن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كارخانىلارنى ياخشى قۇرۇپ، كارخانىلارنى يېتەكلەپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشقا تىرىشىپ، سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى، ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى، رىقابەت كۈچى تېخىمۇ كۈچلۈك، تەسىر كۈچى تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، كۆپچىلىكنىڭ باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. «دۆلەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن بايلىق يارىتىش كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىش، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ كاتتا تۆھپە.» كارخانىچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتتا يېڭىلىق يارىتىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئاچقۇچ. ئامېرىكىدىكى ئېدىسون، فورد، گېرمانىيەدىكى سىمېنس، ياپونىيەدىكى سۇڭشيا شىڭجىجۇ قاتارلىق داڭلىق كارخانىچىلارنىڭ ھەممىسى ھەم باشقۇرۇش ئۇستىسى، ھەم يېڭىلىق يارىتىش ئۇستىسى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئالەمشۇمۇل مۆجىزىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى كەڭ كارخانىچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ. يېڭىلىق يارىتىشتا خەۋپ ـ خەتەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىش خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارنى يېڭىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئالاھىدە ئەۋج ئالدۇرۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت. زور يۇقۇم ئالدىدا، تۈرلۈك كەسىپلەر قىيىن ئەھۋالدا قالدى، لېكىن خەۋپ ئىچىدە پۇرسەت بار، پەقەت يېڭىلىق ياراتقۇچىلار غەلىبە قىلىدۇ. كارخانىچىلار تەرەققىياتتا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئىزدەنگۈچىلىرى، تەشكىللىگۈچىلىرى، يېتەكلىگۈچىلىرىدىن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەشكىللەشتە يېڭىلىق يارىتىش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، بازاردا يېڭىلىق يارىتىشقا دادىل تۈرتكە بولۇپ، تېخنىكا تەتقىق قىلىش، ئېچىش ۋە ئادەم كۈچى كاپىتالى سېلىنمىسىغا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئۈنۈملۈك قوزغاپ، تىرىشىپ كارخانىلارنى قۇدرەتلىك يېڭىلىق يارىتىش سۇبيېكتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، قىيىنچىلىق ئىچىدە سۈمۈرغنى ئوتتا تاۋلاپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، كۆپچىلىكنىڭ سەممىي بولۇپ، قانۇنغا رىئايە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. «سەممىيلىك تەبىئىي قانۇنىيەت؛ سەممىيلىككە ئىنتىلىش ئادەم بولۇشنىڭ قانۇنىيىتى.» ئادەم لەۋزىدە تۇرمىسا ئىناۋەتتە بولمايدۇ، كارخانا ۋە كارخانىچىلار تېخىمۇ شۇنداق. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئىناۋەت ئىگىلىكى، قانۇنچىل ئىگىلىك. كارخانىچىلار ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيا قاتارلىق تۈرلۈك بايلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا سەممىيەت بولمىسا بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزى كارخانىلاردا تىجارەت پائالىيىتىدە سەممىيەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ھەتتا بەلگىلىمىگە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان ئاز بولمىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. قانۇنچىللىق ئېڭى، توختام روھى، توختامغا رىئايە قىلىش قارىشى ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ئاڭ قائىدىسى، شۇنداقلا ئىناۋەت ئىگىلىكى، قانۇنچىل ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەلىپى. كارخانىچىلار سەممىي بولۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ساپاسى ۋە مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچىدىن، كۆپچىلىكنىڭ جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى، قانۇنىي مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا جەمئىيەت مەسئۇلىيىتى، ئەخلاق مەسئۇلىيىتى بار، دېگەنىدىم. ھەرقانداق كارخانا جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھەممىسى جەمئىيەتتىكى كارخانا. جەمئىيەت كارخانىچىلارنىڭ قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدىغان سەھنە. پەقەت جەمئىيەتكە سەممىي جاۋاب قايتۇرىدىغان، جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىدىغان كارخانىچىلارلا جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ھەقىقىي ئېرىشەلەيدۇ، دەۋرنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانىچى بولالايدۇ. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، بارغانسېرى كۆپ كارخانىچىلار تۈرلۈك ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئاتلاندى. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىدە، كەڭ كارخانىچىلار پائال پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، مۇھىم تۆھپە قوشتى، بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. ھازىر، ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمى ئېشىپ، قىسمەن ئەمگەكچىلەر ئىشسىزلىق خەۋپ ـ خەتىرىگە دۇچ كەلدى. خىزمەتچىلەرگە غەمخورلۇق قىلىش كارخانىلارنىڭ جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىدىكى بىر مۇھىم تەرەپ، تىرىشىپ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خىزمەتچىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، خىزمەتچىلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش كېرەك.

بەشىنچىدىن، كۆپچىلىكنىڭ خەلقئارا نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قانچە چوڭ نەزەر دائىرە بولسا، شۇنچە كەڭ قەلب بولىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، دۆلىتىمىز كارخانىچىلىرى خەلقئارا بازاردا چېنىقىپ ئۆسۈپ يېتىلدى، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىن ئىبارەت ئىككى بازاردىن، ئىككى خىل بايلىقتىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. ئۆتكەن ئون يىلدا دۆلىتىمىز كارخانىلىرىنىڭ سىرتقا چىقىش قەدىمى كۆرۈنەرلىك تېزلىشىپ، خەلقئارا بازار ئېچىشقا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتنىشىپ، بارغانسېرى كۆپ دۇنياۋى دەرىجىلىك كارخانىلار بارلىققا كەلدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشى تەتۈر ئېقىمغا ئۇچراپ، ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى ئېغىرلاشتى. بەزى كارخانىلار ئامىل تەننەرخى ۋە سودا مۇھىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئويلىشىپ، كەسىپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە يەرشارىۋى بايلىق تەقسىماتىنى تەڭشىدى. بۇ، نورمال بولغان ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىنى تەڭشەش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، جۇڭگو يەر شارىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە چوڭ بازار بولۇپ، ئەڭ مۇكەممەل بولغان كەسىپ يانداشما شارائىتىغا ئىگە. كارخانىچىلار مەۋقەنى جۇڭگوغا قويۇپ، دۇنياغا نەزەر سېلىپ، خەلقئارا بازارنىڭ يۈزلىنىشى ۋە ئېھتىياج ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا قائىدىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا بازارنى ئېچىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا بازار خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش داۋامىدا تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت قوش ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

## ئۈچىنچى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك

مەن بۇ يىلقى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا مۇنداق دېگەنىدىم: كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، بىز دۆلەت ئىچىدە چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مۇنۇلار كۆزدە تۇتۇلغان: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشى جۇش ئۇرۇپ گۈللەنمەكتە. ئىلگىرى، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشى چوڭقۇر تەرەققىي قىلىۋاتقان تاشقى مۇھىتتا، بازار بىلەن بايلىقتىن ئىبارەت «ئىككى باش سىرتتا بولۇش» دۆلىتىمىزنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ھازىرقى قوروقچىلىق كۈچىيىۋاتقان، دۇنيا ئىقتىسادى پەسكويغا چۈشۈپ قالغان، پۈتۈن يەرشارىۋى بازار تارىيىۋاتقان تاشقى مۇھىتتا، بىز جەزمەن دۆلەت ئىچىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەت ئىچىدە چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلىتىپ، كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

مەن جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسىنىڭ تاقالمايدىغانلىقىنى، بارغانسېرى چوڭ ئېچىۋېتىلىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدىم. دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ھەرگىزمۇ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ بېكىنمە ھالەتتە يۈرۈشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئىچكى ئېھتىياجنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، دۆلەت ئىچى بازىرى بىلەن خەلقئارا بازارنى تېخىمۇ ياخشى تۇتاشتۇرۇپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشى يەنىلا تارىخىي ئېقىم، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىش تەقسىملەپ ھەمكارلىشىشى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشى ئۇزاق مۇددەتلىك يۈزلىنىش. بىز تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى ئېچىۋېتىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

كېلەر يىلدىن باشلاپ دۆلىتىمىز «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىگە كىرىدۇ، بۇ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئاساسىدا ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان 1 ـ بەش يىل بولۇپ، ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم، زور. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئالاقىدار تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنمەكتە. بۈگۈن كۆپچىلىك «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى، ئالاقىدار تەرەپلەر ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئىشىنىمەنكى، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، كەڭ كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر چوقۇم دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىدە تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**